# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

(بېشى 4 ـ بەتتە)

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ـ ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىقلار ئاساسىدىكى دىپلوماتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى چۆرىدەپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قانۇن ۋە سىياسەت كاپالىتىگە ئىگە قىلدۇق. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، جۇڭگو يولى، جۇڭگو نەزەرىيەسى، جۇڭگو تۈزۈمى، جۇڭگو مەدەنىيىتى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ ۋە شەرھلەپ، دۇنيانىڭ جۇڭگونى تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق. 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى، 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت يەرمەنكىسى قاتارلىق مۇھىم ئاساسىي سەھنىلىك دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە ماسلىشىپ، ئالاقىدار دۆلەتلەر پارلامېنتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق. قانۇن چىقىرىش ئورگىنى نۇقتىسىدىن ئالاقىدار دۆلەتلەرنى دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەلدىكى مەنپەئىتى ۋە خادىملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا دەۋەت قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىگە كۈچ چىقاردۇق.

چەت ئەل پارلامېنتلىرى بىلەن بولغان كۆپ تەرەپلىك مېخانىزم خاراكتېرلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ، پارلامېنتلار ئارا كۆپ تەرەپلىك ئالاقىگە پائال قاتناشتۇق. جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن رۇسىيە پارلامېنتى ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ 5 ـ قېتىملىق يىغىنىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزدۇق، فىرانسىيە، ياپونىيە، برازىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرى بىلەن مېخانىزملىق ئالاقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. يېڭىدىن ئىككى تەرەپلىك دوستلۇق گۇرۇپپىسىدىن تۆتىنى تەسىس قىلدۇق، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن چەت ئەل پارلامېنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق تەشكىلاتى جەمئىي 129غا يېتىپ، دۆلىتىمىز بىلەن ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، دوستلۇقىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە كۈچ قوشۇلدى. ھەرقايسى دۆلەت پارلامېنتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ 140 ـ نۆۋەتلىك ۋە 141 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى، 20 دۆلەت گۇرۇھى پارلامېنت باشلىقلىرى يىغىنى، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى پارلامېنت مۇنبىرىنىڭ 28 ـ نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى، 4 ـ نۆۋەتلىك ياۋروپا ـ ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ پارلامېنت باشلىقلىرى يىغىنى، 3 ـ قېتىملىق ئالتە دۆلەت پارلامېنت باشلىقلىرى يىغىنى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى پارلامېنت مۇنبىرى، 3 ـ نۆۋەتلىك ئىمكانىيەتلىك سېجىل تەرەققىيات دۇنيا پارلامېنت مۇنبىرى، پارلامېنتلار دۇنيا سودا يىغىنى يېتەكچىلىك كومىتېتى، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ مۇھىت ۋە تەرەققىيات يىغىنى، جەنۇبىي قۇتۇپ دۆلەتلىرى پارلامېنت ئەزالىرى يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارغا ئۆمەك ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇپ، كۆپ تەرەپلىك سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتتۇق. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ مۇھاكىمە كۇرسى، ئافرىقا فىرانسۇز تىللىق دۆلەتلىرى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ مۇھاكىمە كۇرسى، بىرما پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ مۇھاكىمە كۇرسىنى ئاچتۇق، 14 دۆلەتتىن 74 پارلامېنت ئەزاسى جۇڭگوغا كېلىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ ۋە ئۆگىنىش قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا ئۆرنەك ئېلىش كۈچەيتىلدى.

قانۇن چىقىرىش بويىچە ئالاقىنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق. ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن بولغان قانۇن جەھەتتىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىق مېخانىزمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، قانۇن چىقىرىش نەزەرىيەسى، تۈزۈمى ۋە ئەمەلىيىتى جەھەتتىكى ئالاقىنى كۈچەيتتۇق. قانۇن چىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى، رايونلار ماسلىشىپ قانۇن چىقىرىش ۋە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى، پاتېنت، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش، مەمۇرىي جازا، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق. دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئاساسىي قانۇن، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى چەت ئەللەرگە تەشۋىق قىلىش، شەرھلەشنى ياخشى ئىشلىدۇق، دۆلىتىمىزنىڭ پۇل يۇيۇش جىنايىتىگە زەربە بېرىش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئېچىۋېتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇن چىقىرىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇردۇق.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەركىبىدە ئۈچ تۈركۈم شىزاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللەپ ئالاقىدار دۆلەت ۋە رايونلارغا زىيارەتكە ئەۋەتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتى ۋە مىللىي رايونلۇق ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە شەرھلەپ، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇردۇق. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 27 نەپەر ئاساسىي قاتلام ۋەكىلى ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىلىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تاشقى ئالاقە پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇردۇق، ئۇلار مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش جەريانىدىكى ئىشلارنى ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق سۆزلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش جانلىق ئەمەلىيىتىنى نامايان قىلدى.

## 6. پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى مەھكەم ئىگىلەش ئاساسىدا ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتتۇق

پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش — سوتسىيالىستىك سىياسىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم ۋەزىپە.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلەشكەن بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغداپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەسى، ھەرقايسى تەرىپى ۋە ھەرقايسى ھالقىلىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ئاشۇردۇق. مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى چۆرىدەپ، ئالتە قېتىم مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە ئۇيۇشتۇردۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مۇھىم ئىدىيەسى ھەققىدە ئىككىنچى قېتىم ئۆگىنىش ـ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنى ۋە يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيەت تەلىپىنى چوڭقۇر چۈشەندۇق ۋە ئىگىلىدۇق. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنداپ، خەلق قۇرۇلتىيى نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتۇق.

ئاممىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە تەرتىپلىك قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئاممىنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاپ، ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش، مەسئۇلىيەتنى خەلق ئۈچۈن ئادا قىلىشنى ھەقىقىي ئورۇندىدۇق. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئويىنى، ئارزۇسىنى ۋاقتىدا ئىگىلىدۇق ۋە ئىنكاس قىلدۇق. دائىمىي كومىتېت، مەخسۇس كومىتېتلار 300 قېتىمغا يېقىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئاساسىي قاتلام قانۇن چىقىرىش ئالاقە نۇقتىلىرىنىڭ ئامما بىلەن ھەمنەپەس بولۇش، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملەشتىكى «بىۋاسىتە ئاپتوموبىل»لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىنىڭ قانۇن چىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا قاتنىشىشنى قوللاپ، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئەينەن توپلاپ ئىنكاس قىلدۇق. ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنىڭ تور ئەرزىيەت سۇپىسىنى ئېچىپ، ۋەكىللەر ئارقىلىق تاپشۇرۇلغان 178 پارچە ئەرزىيەت خېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز كەم 80 مىڭ پارچە قېتىم ئەرزىيەتنى بىجىرىپ، ئاممىنىڭ مۇۋاپىق دەۋا تەلىپىنىڭ قانۇن بويىچە ۋاقتىدا ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى بولغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى، مەسئۇلىيىتىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە ئادا قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك. قانۇن چىقىرىش قانۇنى، نازارەتچىلىك قانۇنى ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ ئىش قائىدىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ھەر قېتىملىق يىغىن، ھەربىر قارالما، ھەربىر تەكلىپنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمە ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئۇيغۇن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. خىزمەت ھوقۇقىنى كوللېكتىپ يۈرگۈزۈش، مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ قارار قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىن، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ قاراپ چىقىش ۋە گۇرۇپپىلار بىرلىشىپ قاراپ چىقىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈردۇق. يىغىن ئىستىلى، يىغىن ئىنتىزامىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چىڭىتتۇق، دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا قاتنىشىش نىسبىتى %97تىن يۇقىرى بولدى، ئاۋازغا قويۇلىدىغان ئىشلاردا ھەممە ئادەم ھەممە قېتىم ئاۋاز بېرىش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا، ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئالاقىدار تەكلىپلەرنى مۇھاكىمە قىلىش، تۈزۈش، قاراپ چىقىش خىزمەتلىرىنى، قانۇن چىقىرىش، نازارەت قىلىش، ۋەكىللەر، تاشقى خىزمەت قاتارلىق خىزمەتلەرنى دائىمىي كومىتېتقا ھەمكارلىشىپ قانات يايدۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنىڭ سىياسىي، ئىدىيەۋى، تەشكىلىي، ئىستىل ۋە ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئىككى نۆۋەت ئىچكى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاگاھلاندۇرۇش تەربىيەسىنى ۋە پاكلىق خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتتۇق، مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولۇش، مۇلازىمەتنى كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسى رازى بولىدىغان ئۈلگىلىك ئورگان بەرپا قىلدۇق.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاخبارات، ئاممىۋى پىكىر خىزمىتىنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، قانۇن چىقىرىش، نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى خەۋەر قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىشتىكى سالاپىتىنى نامايان قىلدۇق، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىش ئەمەلىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولدۇق. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاخبارات ـ ئاممىۋى پىكىر تەشۋىقات ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلى ۋە جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى تورى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، «ژۇرنال، تور، ئۈندىدار، تېرمىنال»نىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردۇق. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار كومىتېتى باياناتچىسى مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان زور مەسىلىلەردە مەيدانىمىز ۋە تەشەببۇسىمىزنى ۋاقتىدا شەرھلىدۇق. دائىمىي كومىتېت قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى باياناتچىسى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىكى دىققىتىگە جاۋاب قايتۇردۇق.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى، ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى، 25 ـ قېتىملىق مەملىكەت بويىچە يەرلىك قائىدە ـ نىزام چىقىرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى ھاسىل قىلىپ، يېڭى دەۋر خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلىدۇق.

ۋەكىللەر!

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، گوۋۇيۈەن، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىپ، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تولۇق ئىشەنگەنلىكى، زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ يەردە مەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

دائىمىي كومىتېت خىزمىتىدە يەنە بەزى پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت، ئاساسلىقى: قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە يېتەكچىلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، نازارەتچىلىكنىڭ ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئالاقىدار مېخانىزم، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە ئىش قائىدىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئورگان خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. دائىمىي كومىتېت ۋەكىللەر ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپىگە كەمتەرلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ ۋە ياخشىلايدۇ.

ۋەكىللەر!

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېلىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا قولغا كەلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى سىستېمىلىق يەكۈنلەپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەڭ يۇقىرى پەللىدە لايىھەلىدى ۋە ئۇنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا تىرەك بولىدىغان تۈپ سىياسىي تۈزۈم. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى دۆلەتنىڭ تېز تەرەققىيات ئۆزگىرىشىدىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ئېنىق تونۇپ يەتتى. بىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيەت ئالاھىدىلىكى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى خەلقنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇشىمىز كېرەك.

## بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر باسقۇچلۇق ئاساسلىق ۋەزىپىلەر

2020 ـ يىلى، پارتىيەمىز خەلقنى يېتەكلەپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. نۆۋەتتە، تاشقى مۇھىت كەسكىن ۋە مۇرەككەپ، دۆلىتىمىز ئىچىدە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى مۈشكۈل ۋە ئېغىر، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى تەلەپكە دۇچ كەلمەكتە. دائىمىي كومىتېت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، «بەشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈشنى، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئىلگىرى سۈرۈشنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازىنىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى پۇختا ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ چىقىرىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە، يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنىڭ قولغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، دائىمىي كومىتېتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈلدى. كېيىنكى قەدەمدىكى ئاساسلىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى:

**(1) ئاساسىي قانۇننىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش.**

ئاساسىي قانۇننى ئىزاھلاش خىزمىتىنىڭ تەرتىپ مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «نىزام، ئەدلىيەلىك ئىزاھاتلارنى تەكشۈرۈپ ئەنگە ئېلىش خىزمەت چارىسى»نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش ئۇچۇر سۇپىسىنىڭ ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىمىز. ئاساسىي قانۇن توغرىسىدىكى تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاساسىي قانۇن قەسەميادى ۋە دۆلەت ئاساسىي قانۇن كۈنى پائالىيىتىنى ياخشى تەشكىللەيمىز. شياڭگاڭ، ئاۋمېننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرتىپىنى قوغداپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نېگىزلىك قانۇننى ئىزاھلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا دائىر قانۇن ـ تۈزۈمنى ۋە ئىجرا مېخانىزمىنى دۆلەت قاتلىمىدىن ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)